# يىپەك يولدا يەلكەننى چىقىرىش دولقۇنغا ئەگىشىپ يىراققا يۈرۈش قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈچ كونكرېت، بىر بۆلەك ۋاقىت ئوقى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور تەرەققىيات پۇرسىتىنى ئوبرازلىق سىزىپ بەردى.

بۇ پۇرسەتلەر بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقىنى كۆزقاراشنىڭ ئۆزگىرىپ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ سىياسەت يىرىك پىلان سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بەش چوڭ مەركەز» «ئون چوڭ ئىمپورت - ئېكسپورت كەسپلىرى توپلانغان رايون» قاتارلىق مەخسۇس تۈر يىرىك پىلانلىرىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى، شىنجاڭنىڭ جۇڭگو - قازاقىستان، جۇڭگو - تاجىكىستان، جۇڭگو - موڭغۇلىيە - رۇسىيە ھەمكارلىقىغا قاتنىشىش، يولغا قويۇش پىكرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنىڭ سىمفونىيەسىنى يەنىمۇ ياڭراتتى.

[**مۇخبىرنىڭ تەسراتى**] شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدا، باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىنچىكە پىلانلاپ، ئىجتىھات بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەچكە، خۇشاللىنارلىق نەتىجە قەغىزى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، ئارزۇدىن ھەرىكەتكىچە غايەت زور تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن كۈچى قويۇپ بېرىلىۋاتىدۇ.

### ■غەربكە ئېچىۋېتىشنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملىق يېزىش

[**تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى**] باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭ دەۋر ئاتا قىلغان بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، غەربكە ئېچىۋېتىشنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملىق يېزىپ يېڭى سەھىپە ئېچىۋاتىدۇ.

رادىئۇسى 1500 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئۈرۈمچى ئەڭ سەرخىل بولغان باشلىنىش سىزىقى. ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما رولى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كۆپلىگەن قۇرۇقلۇق پورت قۇرۇلۇشلىرىدا شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىش، ئىچ بىلەن سىرتنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەپ، ھەر تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تىرەك بولۇپ، «مال توپلاش، باغچە قۇرۇش، كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇش» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، يوقلۇقتىن بار بولۇشقىچە، تەدرىجىي يادرولۇق رايون سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزىدىكى مۇھىم موتورغا ئايلاندى.

ئۈرۈمچىدىن 400 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئالاتاۋ پورتى ئاپتوموبىل، ئاشلىق توشۇش، گۆش تۈرلىرىنى توشۇش، تىرىك چارۋىلارنى توشۇش، ئۆسۈملۈك مايسىسى توشۇش قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىش بويىچە بەلگىلەنگەن پورت سالاھىيىتىنى ئەستىقلىتىپ بولغان بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان دورىلار، چېگرادىن كىرگۈزۈلگەن مېۋە - چېۋىلەر، ئىمپورت قىلىنىپ تولۇقلىنىپ يېڭى ساقلىنىدىغان سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بەلگىلەنگەن پورتتا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ، پورت يەنە خەلقئارالىق تۆمۈريول پوچتا يوللانمىسى ئالماشتۇرۇش بېكىتى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكتىرونلۇق سودا تىجارەت سۇپىسىدا رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

600 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قورغاسنىڭ «قوش غەرب تاشيولى» پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، قورغاستىن قازاقىستاننىڭ ئالمائاتاغىچە بولغان ئارىلىق ئەسلىدىكى 378 كىلومېتىردىن 306 كىلومېتىرغا قىسقارتىلىپ، مۇساپە ئىلگىرىكىدىن ئىككى سائەت قىسقارتىلىپ، جۇڭگو يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول تورى بىلەن قازاقىستان تەرەپنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول تورى تۇتاشتۇرۇلدى ھەم ئۈچىنچى دۆلەتكە ئۇزارتىلدى.

1400 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەشقەردە شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگونىڭ قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىياغىچە بولغان كۆپ خىل شەكىلدە ئۇلاپ توشۇش نۆۋەتچى پويىزى ئىلگىرى - كېيىن قاتنىدى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قەشقەرگىچە ئۇزارتىلدى. جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان سودا يولىدا نورمال تىجارەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى، جۇڭگو — ئوتتۇرا ئاسىيا - غەربىي ئاسىيا ئىقتىساد كارىدورىنىڭ ماللىرى قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى ئارقىلىق تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئەتراپتىكى لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال سىڭىشىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدا ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى نامايان قىلدى.

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 15 دۆلەت، 20 خەلقئارا(رايون)لىق شەھەرلەر بىلەن ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى ئارىسىدا قاتناش باشلاندى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بەش چېگراداش دۆلەت بىلەن خەلقئارا يول ترانسپورت لىنىيەسىدىن 111نى ئاچتى؛ تۆت ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا دېڭىز بويىدىكى ئەركىن سودا تەجرىبە رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئومۇملاشتۇرۇش باشلاندى؛ 98 دۆلەت ۋە رايون بىلەن چېگرا ھالقىغان خەلق پۇلى كەسپىنى قانات يايدۇردى، چېگرا ھالقىپ راسچوت قىلغان ئەمەلىي كىرىم - چىقىم جەمئىي 307 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

[**مۇخبىرنىڭ تەسراتى**] باش شۇجى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ، شىنجاڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى. شىنجاڭ باش شۇجىنىڭ سەممىمىي تاپشۇرۇقىنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، چوڭ بىرلىشىش، چوڭ يۇغۇرۇلۇش، چوڭ تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

### ■«بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش

[**تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى**] ئېقىن بېشىدا مەزمۇت تۇرۇپ ئېيتتۇق بوران قوشقىنى، كۆرۈك بوغۇن بىزنىڭ بەزمىگە چۈشۈپ ئىلگىرىلىگىنىمىزنى. باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشى ۋە سەممىمىي ئۈمىدىنى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئۈرۈمچى كۆپ خىل شەكىلدە ئۇلاپ توشۇش تاموژنا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەركىزى مەيدان پونكىتىدا كىران كونتېينېرلارنى توختىماي بىر - بىرلەپ كۆتۈرەتتى، چۈشۈرەتتى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەشيا ئوبوروت ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ چىقاتتى، ئۇلارنى كۈتۈۋاتقىنى ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونىدىن يات ئارىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپاغا قاتنايدىغان خەلقئارا يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى ئىدى.

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ شاۋخۇا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل، بىز يەنە يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش ھەمكارلىق ئەندىزىسىنى قوزغىتىشنى پائال قولغا كەلتۈرىمىز، شۇ چاغقا بارغاندا بۇ يەر تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ».

ھازىر، ئۈرۈمچى كۆپ خىل شەكىلدە ئۇلاپ توشۇش تاموژنا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، چېگرادىن كىرگۈزۈش بويىچە بەلگىلەنگەن پورتنى ئىلتىماس قىلىپ قۇرۇش، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ يىغىلىش مەركىزىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، چېگرا ئىچىدىكى تاشقى سودا ئەشيا ئوبوروتى نۇقتىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېز قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

لىيۇ شاۋخۇا مۇنداق دېدى: «‹بىر بەلباغ، بىر يول› قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ مۇھىملىقى، ئۆزگىچىلىكىنى تولۇق تونۇپ، سۇبيېكتلىق ئېڭى، پۇرسەت ئېڭى، يادرولۇق رايون ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ‹بىر بەلباغ، بىر يول›دىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن «بىر پورت» قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى قۇرۇلۇشىنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىمىز؛ «ئىككى رايون» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت بەرگەن «كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى بەش يىل كەچۈرۈم قىلىش» قاتارلىق ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن ياخشى، يېتەرلىك پايدىلىنىپ، قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى يادرولۇق رايوننىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ئىككى مۇھىم تىرەك نۇقتىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز؛ سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزىنى يېتەكچى قىلىپ، قاتناش تۈگۈنى مەركىزى، سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى، مەدەنىيەت - پەن - مائارىپ مەركىزى، داۋالاش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىمىز؛ دۆلەت دەرىجىلىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 19 پورتقا تايىنىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «ئۆتەڭ ئىگىلىكى»نىڭ «كەسىپ ئىگىلىكى»گە، «پورت ئىگىلىكى»گە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىمىز.

[**مۇخبىرنىڭ تەسراتى**] كۆرمىڭلىغان تاغ - دەريالارنى بېسىپ ئۆتتۇق، لېكىن يەنە تاغ - داۋانلاردىن ئېشىشقا، دەريالارنى كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، شىنجاڭ يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇننى ئىزھار قىلىپ، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرىنى ئېچىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدا داۋاملىق چاقنايدۇ.

# بىر يىلدا 20 نامرات كەنت نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■كەنتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىياسەت يۈرگۈزۈش تۈر ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش

17 تارماق، ئورۇننىڭ نامراتلارنى يۆلەش تەپەككۇر يولى ئېنىق بولۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كەنتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىياسەت يۈرگۈزۈپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ياردەم بېرىدىغان - يۆلەيدىغان خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاگىرۇ يېزىسى دەرۋازىبا كەنتىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگىنى 444 نامرات ئائىلە، 1719 كىشى بولۇپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 48.51%كە يەتكەنىدى. 2019 - يىلى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى دەرۋازىبا كەنتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماققا نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن بەشنى ئىلتىماس قىلدى ھەم تەستىقلىتىپ يولغا قويدى، بۇ تۈرلەر: 500 كۋادرات مېتىرلىق نامراتلارنى يۆلەش سېخى ھەم يۈرۈشلۈك قۇرۇلۇش تۈرى، كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىن 22نى سېتىۋېلىش تۈرى، كۆكتات پارنىكى تۈرى، 200 ئائىلىلىكنى قاپلىغان ھويلا - ئارامنى گۈزەللەشتۈرۈش تۈرى، ئاممىۋى ھاجەتخانا، مۇنچا قۇرۇلۇشى تۈرى قاتارلىقلار. بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى كەنت قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات ئائىلە ھەم كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىدۇ.

جۇڭگو بانكىسى سۇغۇرتا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجاڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى باش بولۇپ ئۇيغۇر تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكىنى تېرىش تۈرىنى ماسلاشتۇرۇپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئىسلام ئاۋات يېزىسى لىچىنتوقاي كەنتىدە 2000 مو يەرگە جۇڭگو تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكىنى تېرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 1500 مودىن ئارتۇق يەرگە پىگمېنت لازىسى، سەۋزە، تاۋۇز - قوغۇن قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسى جاي كەنتىنىڭ 15 نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى ئىلتىماس قىلىشقا ياردەملەشتى، بۇ، يېزا يول قۇرۇلۇشى، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى ھاجەتخانا ۋە مۇنچا تۈرى، ئورمان كەكلىكى باقمىچىلىقى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش تۈرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

### ■ئىلمىي پىلانلاش كەسىپلەر ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش

17 تارماق، ئورۇن يەرلىكنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى دېھقانلارنى سەۋزە، پىگمېنت لازىسى، قوغۇن قاتارلىقلارنى تېرىشقا يېتەكلىدى ۋە ياردەم بەردى ھەم 1000 مولۇق سۆسۈن گۈللۈك بېدە بازىسى قۇردى؛ 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ قاقشال كەنتىدە 300 كۋادرات مېتىرلىق نان يېقىش سېخى سېلىپ، «دەستە - دەستە نان» دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش - يەتكۈزۈش ۋە بازاردا سېتىش يوللىرىنى ئېچىپ، نانچىلىق كەسپىنى زورايتتى. ھازىر كۈنىگە 3000 نان يېقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شۇ كەنتتىكى 20 نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى باش بانكىسى ئىگە قىلغان پارتىيە بەدەل پۇلىدىن پايدىلىنىپ، يېڭىئاۋات يېزىسى تۈگمەنبېشى كەنتىگە 1500 كۋادرات مېتىرلىق تۆمۈرچىلىك ھۈنەر - سەنئەتى پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ بېرىپ، 100 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ھەربىر كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىدىغانلىقى ھەم كەنت كوللېكتىپى ئۈچۈن ھەر يىلى 60 مىڭ يۈەن ئىجارە كىرىمىنى كۆپەيتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسىغا تايىنىپ، يېڭىئېرىق يېزىسى باشقۇغاچ كەنتىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ياڭاق، قارا توخۇ، توشقانزەدىكى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ياردەم بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇردى.

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بەش باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، 130 كىشىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ياڭاقچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى بەرپا قىلدى؛ جۇڭگو جۇڭمېي ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئۈچ يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن بېيجىڭ سادىق مېۋىچىلىكىنىڭ 4 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇق مېۋە سېتىش توختامىنى ئىمزالىشىغا تۈرتكە بولدى.

### ■ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى قوزغىتىش

نامراتلارنى يۆلەشتە ئالدى بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش كېرەك. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قاراشنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ قول سېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى باش تېمىلىق ئىتتىپاق كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىش ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قانۇن ياردىمى بىلەن قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، «1+1» قانۇن پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى دۈشەنبە كۈنىدىكى بايراق چىقىرىش، كەچلىك كۇرستىكى ئۆگىنىش، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، «ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش» تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىنى چىڭىتتى؛ شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى مەدەنىيەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئونمىڭلىغان ئائىلىگە كىرگۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، جۇڭخۇانىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىقلارغا دائىر 100 پارچە تەشۋىقات تاختىسى ياساپ، خانېرىق بازىرى چارشەنبە بازار كەنتىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا ئورنىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ كەنتنى ھۆددىگە ئېلىپ نۇقتا بويىچە نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى كەنتلەرگىچە، ئائىلىلەرگىچە، ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق، پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقىنى نامرات ئاممىنى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈشكە پايدىلىق، ۋىلايەت - ئوبلاست، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ نۇقتا بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا قارىتا مۇھىم ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا ئىگە» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئىجتىمائىي نامراتلارنى يۆلەش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى مەتسەيدى مەتسىدىق.